يا ئاللاھا بۇ زىيايىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ،

بۇ ئەزىزنىڭ ھۆرمىتىدىن داخىلى جەننەت سازا .

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر

ۋەلىللاھىلھەمدە.بەخشەندەم ئىنتەكبىربە ئەرۋاھ شەرىپ خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى قەددىسەللاھۇ

سىررەھۇبىرەھمەتىكە يائەرھەمەرراھىمىن .

بىرىنچى باپ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلقىسە، ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى زەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ روھلىرى مەڭگۇ پاك بولسۇن. ئاللاھ تائالائۇنىڭ روھى جىسمىنى جىمى ئەيىپ نۇقسانىدىن پاك قىلىپ ياراتقان بولغاچقا،ئۇ ھەممە كۆپرى، يامان ئىشلارنى پاك ئىدى. شۇنداقلا ، ئۇ يەنە بارلىق يامان ئىشلارنى پاك قىلغۇچى،ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالامنىڭ شەرىئەتلىرىنى روشەن قىلغۇچى، ئىماننىڭ نۇرىنى ئالەمگە چاچقۇچى،كاپىر مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرگۈچى، ئاجىز بىچارىلەرنىڭ دادىغا يېتىپ، ھالىغا رەھىم قىلغۇچى ئىدى.ئۇنىڭ ۋۇجۇد تەرىپلىرىنى تەرىپ- تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئەقلى زورلەرنىڭمۇ ئەقلى يەتمەيتتى.ئۇنىڭ جامالى ۋە جاھان بىزىگۇچىلىرىنى تەرىپلەپ تەسۋىرلىسە، سەرگاردانلارمۇ ھەيران

ئەلەيھىسسالام يۈرگەن يولدا يۈرسە مەقسىتىگە يېتىدۇ ـ دەپ ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى سۇلتان خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىدىن :

ـ يولدىن ئازغانلارغا رەھنەما بولىدىغان يەنە نېمە بولسا ئېيتىڭ، خۇدايىتائالاغا بەندىچىلىك قىلاي،ـ دەپ ئۆتۈندى .

)داۋامى بار(

**kulbilge** | 2007ـ11ـ24 15:42

كىچىككىنە تەكلىپ:
كىلاسسىك ئەسەرلەرنى يوللىغاندا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىشىنى، مەسىلەن كىم تەرىپىدىن قاچان يېزىلغان، ئەسلى قولىيازمىسى ياكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى قاچان تېپىلغان،ھازىر قەيەردە ساقلىنىۋاتىدۇ شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ تارىخى قىممىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى تىمنىڭ ئەڭ ئالدىغا قىستۇرۇپ قويغان بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

**niyazdixan** | 2007ـ11ـ27 23:58

خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى ھەزرىتى سۇلتانغا شۇ يەردە يەنە مۇجمەل دۇئايى قۇنۇت ھەمدۇ سانا ئەتتەھىييەتۇ ئىككى دۇرۇد دۇئانى ، قۇرئان كەرىمدىن فاتىھە ، ئىخلاس قاتارلىق سۈرىلەرنى ئۆگەتتى . ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق ئۆزىگە ئەگىشىپ بىللە كەلگەن قىرىق نەپەر كىشىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ كېلىپ :

ـ ئەي يارەنلىرىم، ئەگەر ماڭا دوست ـ ئاشنا بولساڭلار ماڭ ئوخشاش ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇڭلار. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەممە دىنلاردىن ئۈلۈغ تولىمۇ كاتتا دىن ئىكەن. شۇ پەزىلەتلىك دىنغا مۇشەررىپ بولۇڭلار،ـ دەپ نەسىھەت قىلدى. بۇ قىرىق نەپەر كىشىنىڭ بەزىسى ئۆز ئىختىيارىچە مۇسۇلمان بولدى .بەزىسى ھەزرىتى سۇلتاندىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولدى، ئۇلار تا نامازدىگەرگىچە ئىسلام دىنىغا دائىر تەلىماتنى ئۆگەندى .

خوجا ئەبۇ نەسىر ئۇلارغا:

ـ يىگىتلەر، ئەگەر يانمىساڭلار سىلەرنى كىشى ئىزلەپ كېلىشى مۇمكىن. سىلەرنى بۇ جايدىن تاپسا

پىكىر ئەتتىلەر يۈرۈشتىن،سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

سۇلتان تەلقىن قىلدىلەر، ئىلمى لەدۇن بىلدىلەر،

مۇسھەبنى ياد ئالدىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

قىلىچ تارتىپ يۈردىلەر، كاشغەر ئىچرە كىردىلەر،

تۆت مىڭ كاپىر سۈردىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

ئۈچ يۈز كارۋان سۈرەتلىك، كاپىرلارغا ھەيۋەتلىك،

ھەقغە ئەردى قۇربەتلىك، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

سۇلتان باشلاپ ئات سالدى، سانسىز تەندىن باش ئالدى،

جەڭ كانىينى چالدى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

ھەر كۈنى ئىلغار يېتىشتى، ئاتلار سالىپ چاپىشتى،

ياۋنى قوغلاپ سۈردىلەر سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

سۇلتان قىلدى مەسلىھەت، ئەبۇ نەسىر ئىلە مەشۇرەت،

شەبخۇن ئۇرماق بۇ نۆۋەت، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان،

تۈن كېچىدە سالدىلەر، كاپىرلارنى قىرىدىلەر،

پارە-پارە قىلدىلەر، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

سۇلتان ھارۇن قېشىغا، قىلىچ تارتىپ بېشىغا،

قىلدى خىتاپ ئۇنىڭغا سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

ئەيدى: «ئايا ھارۇنخان، قىلغىل ئەمدى پۇشايمان،

دىننى بۇزدادىن سەن يان»، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان.

كەلتۈر ئىمان خۇداغا، ئىككىنچى مۇستافاغا،

كىرگىل يولى ساپاغە، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان .

